# ئاللاھ يولىدا ۋەخپە تۇرغۇزۇشنىڭ

# ئەھمىيىتى توغرىسىدا

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]


پەزىلەتلىك شەيخ دوكتۇر سەئۇد ئىبنى ئىبراھىم شۇرەيم

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿الأوقاف الإسلامية وأهميتها في تحقيق رباط الأخوة﴾

«باللغة الأويغورية»


فضيلة الشيخ سعود بن إبراهيم الشريم

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني



حقوق الطبع والنشر لكل مسلم



2010 - 1431

islamhouse.com

# ئاللاھ يولىدا ۋەخپە تۇرغۇزۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

2009-يىلى 1-ئاينىڭ 29-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرمەدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا، " ئىسلام ئۇممىتى ياخشى ئۇممەت، ئۇنىڭدا ھەمكارلىق ۋە كاپالەتلىك روھى كۈچلۈك، باشقىلارنىڭ دەرد ئەلەملىرىنى ھېس قىلىش ئېڭى يوقىرى" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيە لەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ھەرقانداق بىر مىللەتتە باي-كەمبەغەل، چوڭ-كىچىك، ئابرۇيلۇقلار بىلەن ئاددىي پۇقرا ئوتتۇرىدىكى بوشلۇق كەڭرى بولسا، مەزكۇر مىللەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئېغىر ئىچىش قىيىندۇر. ئۇ مىللەت مۇقىملىق، ئىقتىسادى تەرەققىيات، ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي يۈكسەكلىك ئاساسلىرىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بولسا، شەخس ۋە ئۇممۇمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا، ئىجتىمائىي ئالاقە، كىشىلىك تۇرمۇش، مىللى مەدەنىيەت ۋە ھازارەتتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان بارلىق ئىشلارغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەققانىي پرىنسىپتۇر .

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىجتىمائىي ئالاقىنى ساقلايدىغان، ماددىي ئامىل ۋە ۋاسىتىلەر ئىچىدە خەيرى-ساخاۋەت ۋەخپىلىرى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۇممىتىنى ۋەخپىلەر ئارقىلىق باشقا ئۇممەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلەندۇردى . ۋەخپىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياخشىلىق دەرۋازىلىرىنىڭ ئوچۇقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئىچىدە پەقەتلا ئىسلام ئۇممىتىدىلا تېپىلىدىغان خۇسۇسىيەتتۇر.

خەيرىيەت ۋەخپىلىرىنىڭ يىلتىزى ئىسلام رىسالىسى ساھىبى بولغان مۇھەممەد مۇستاپا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سېخىسى، ئەڭ ياخشىلىققا ئالدىرايدىغىنى، ئەڭ تەقۋادارى ئىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى بىر- بىرىگە يار - يۆلەكتە بولۇش، دوستلۇق رىشتىنى چىڭىتىشقا چاقىرىشتا يىگانە بىر ئۆرنەك ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئىنسانلار بويىندىن يوقسۇللۇق زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا تەشەببۇس قىلىپ، كەمبەغەللىككە خاتىمە بېرىشتە كەسكىن تۇرغان يىگانە شەخس يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر.

ۋەخپە تۇرغۇزۇش مۇستەھەپ سەدىقىلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئەڭ ئەۋزەل، ئۆزى پۈختا، مەنپەئەتى داۋاملىشىدىغان، ئومۇمى بىر سەدىقىدۇر. ۋەخپە بولسا، ۋەخپە قىلغۇچىنىڭ ئالى ھىممەتلىك، ئالى جانابلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. ۋەخپە قىلىش ھىممىتىگە ئىگە بولغان كىشى بېخىللىق،

پىخسىقلىق، شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت شەيتانى نەپسى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن كىشىدۇر. ۋەخپە قىلىش ئالى جانابلىق بولۇپلا قالماستىن، مىللەتنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا ئۇل سالغانلىقتۇر. خەيرىيەت ۋەخپىلىرى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتلەر ئۈچۈن مۇھىم ئاساس ھېسابلىنىدۇ.

ۋەخپە بولسا، ئىنسان ۋاپات قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك سەدىقە جارىيەنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: « ئادەم بالىسى ۋاپات تاپقۇزالغاندىن كېيىن، ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۈزىلىدۇ . 1- سەدىقە جارىيە. 2- مەنپەئەتلىك ئىلىم. 3- ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان پەرزەنت ». [ مۇسلىم رىۋايىتى ].

ئىسلام ئۈممىتى ۋەخپە ئىشلىرىدا باشقا ھېچقانداق مىللەت يەتمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ياخشىلىق يولىدا ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ چىققان، ۋ ە خپىلەر مائارىپ ئىشلىرى، سوت مەھكىمىسى، سەھىيە ئىشلىرى، پەقىرلەر، قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنى يادلايدىغانلار، مەسچىتلەر، مەدرىسىلەر، ئىماملار، ئالىملار، مۇساپىرلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ساھەلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاتاپ ۋەخپە قىلىنغاندۇر.

مۇسۇلمانلار ۋەخپىلەر ئارقىلىق شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بېخىللىق كېسىلىگە خاتىمە بېرىدۇ. شەيتان، بايلارنى داۋاملىق كەمبەغەللىك كۆلەڭگىسىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : « شەيتان سىلەرنى كەمبەغەللىككە چاقىرىدۇ،

بۇزۇقچىلىققا تەشەببۇس قىلىدۇ، ئاللاھ بولسا، سىلەرنى ئۆز تەرىپىدىن كەچۈرۈم ۋە مەغفىرەتكە چاقىرىدۇ، ئۆز پەزلىدىن ئىنئام قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرەت دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ». [ سۈرە بەقەرە 268-ئايەت ].

ۋەخپىلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگەنگەن كىشى ئۆز كۆزى بىلەن ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرەلەيدۇ. ئىسلام دۆلەتلىرىدە ۋەخپىلەر كەڭ دائىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بەزى دۆلەتلەر ۋەخپىلەر ئارقىلىق ئاجايىپ ئورۇنلارغا ئىگە بولغان. بەزى دۆلەتلەر يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە ۋەخپە قىلىنغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ستاتىستىكا قىلىپ كۆرگىنىدە ۋەخپە يەرلەر دۆلەت يېزا ئىگىلىك تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئۇمۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 3تىن 2 ھەسسىسىنى ئىگىلىگەن. ئەمما ۋەخپىلەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىگە نەزەر تاشلىغان ياكى ئىزدەنگەن كىشى كۆرگەن كۆزى، ئاڭلىغان قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي قالىدۇ. ھازىرقى زاماندا ۋەخپىلەرنىڭ نەقەدەر چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقى ياكى ئاز قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ۋەخپە ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچە تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئەزەلدىن بار بولغان ۋەخپىلەر ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغانلىق سەۋەپتىن بايلار، خەير سۆيەر كىشىلەردە ۋەخپە قىلىش نىيىتى بولسىمۇ لېكىن ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەخپىلەر ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرالمىغانلىقى، ۋەخپىنىڭ نازىرلىرىغا بولغان ئىشەنچىنىڭ يوقىلىشى سەۋەبىدىن ۋەخپە تۇرغۇزۇش نىيىتىدىن يانغان بولىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما ۋەخپە قىلىشقا ئەڭ ئېغىر توسقۇنلۇق بولىدىغان ئامىل يەنىلا بېخىللىقتۇر.

ئەپسۇسلىنارلىق ۋ ە ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئاللاھ بەزى كىشىلەرگە مىليونلاپ بايلىقنى ئاتا قىلسا، ئۇلار ئاللاھ ماڭا شۇنچە بايلىقنى ئاتا قىلدى مەن بۇ بايلىقنىڭ بەدىلىنى تۆلىشىم، ئەتراپىمدىكى مۇھتاجلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم كېرەك، ياكى سەدىقە جارىيە بولىدىغان ۋەخپىلەرنى تۇرغۇزىشىم كېرەك، ماڭا بېرىلگەن بۇ بايلىقنى ئاخىرىتىم ئۇچۇنمۇ سەرپ قىلىشىم كېرەك دېمەستىن تويۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆلگەندىن كېيىن بايلىقى، بالىلىرى، مەنسىپى ئەسقاتمىغان ئىنسانلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز ۋە كۆرۈۋاتىمىز. نۇرغۇن كىشىلەر بىر ئۆمۈر تىرىشىپ دۇنيا توپلايدۇ، كۆپلىرى يىمەي-ئىچمەي يىغىدۇ، خۇددى پۇل ساقلايدىغان بىخەتەرلىك ساندۇقى، ياكى ئامبارچىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، ئەمما دۇنيادا ئېغىزغا چىققۇدەك بىر ياخشى ئىش قىلالماستىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەرنى شەيتان پېقىرلىق كۆلەڭگىسىدىن قورقۇتقان، يەنە شۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بايلىقلىرىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلالمىغان روھانىيىتى زەئىپ مەنىۋى مىسكىنلەردۇر.

ئەگەر ۋەخپە قىلىشنى خالىغان، ھايات ۋاقتىدا ئۆزى پايدىلىنىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مال - مۈلكىنىڭ بىر بۆلىكىنى ۋەخپە قىلىشنى خالىغانلار ئۇچۇن ۋەسىيەت نامە قالدۇرۇش ئۇسۇلى ئەڭ ياخشى چارىدۇر. ئىنسان ئۆز بايلىقلىرىنى ھايات ۋاقتىدا ئۆزى ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇپ، ھايات ۋاقتىدا ۋەسىيەتنامە قالدۇرسا، تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك پايدىسى بولىدۇ :

بىرىنچى : ۋەخپىنى هايات ۋاقتىدا ئۆزى خالىغانچە ئىدارە قىلىپ خالىغان يەرگە سەرپ قىلالايدۇ. ئىككىنچى : ئەگەر ئىنسان ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، مال دۇنياسى زايا بولۇپ كەتمەستىن ئاپتوماتىك هالدا ۋەخپە بولۇپ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئوزۇق بولىدۇ.

ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قالدۇرۇپ كەتكەن بايلىقلىرىنى مىراسخولار جېدەل-ماجىراسىز تەقسىم قىلىشمۇ قىيىن بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ خېلى كۆپ. بەزى كىشىلەر ۋاپات قىلىپ ئونلارچە يىلدىن كېيىنمۇ مىراسىنى تارقىتىپ، مىراسخور ئىگىشلىك ھەسسىلىرىنى ئالالمايدىغان ئەھۋاللار ئىنتايىن كۆپ بولغاندىن سىرت ۋەسىيەتلەرمۇ كۆچكە ئىگە قىلىنمايدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس . يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ بايلىق ئاتا قىلغان كىشىلەر بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ مىراسخورلارغىمۇ ئىگىشلىك ھەققىنى قالدۇرۇپ كېتىشى بەك مۇھىم. ۋەخپە قىلغانلار، قىلغان ۋەخپىلىرىدىن پايدىلىنىدىغانلارنىڭ كىملىكى ۋە تۈرلىرىنى ئېنىق يېزىپ قالدۇرۇشى كېرەك، ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردە ۋەخپە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. پۇل دېگەن كېلىپ- كېتىپ تۇرىدىغان نەرسە. پۇل- مال پەقەتلا خەجلەش ئۈچۈن بىر ۋەسىلە. دۇنيا-ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنى خالىغان ئادەم بايلىقىنىڭ بىر قىسمىنى چوقۇم ۋەخپىگە ئايرىشى ۋە ئۇنى هايات ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە بېجىرىشى كېرەك.